# تۇرالغۇ جاي قىلىش ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى تۇردۇ

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ سالىھ ئىبنى پەۋزان ئەلپەۋزان

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1435

IslamHouse.com

# توفير السكن مقدم على الحج

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ صالح بن فوزان الفوزان

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# تۇرالغۇ جاي قىلىش ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى تۇرىدۇ

105452-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن ئايالىم بىلەن يەمەندە ياشايمەن، ھازىرغىچە يۇرتۇمدا ئۆي سېتىۋالالمىدىم، مەلۇم مىقداردا ئىقتىسادىم بار، ھازىرغىچە ھەج قىلمىدىم، يېنىمدا ئىقتىساد بار ۋاقىتتا تېزدىن ھەج قىلىۋېلىشىم كېرەكمۇ ياكى ئالدى بىلەن ئۆي سېتىۋېلىپ، كېيىن ئىقتىسادقا ئىگە بولغاندا ھەج قىلساممۇ بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا پەرز ھەجنى ھەج قىلىشقا شەرت-شارائىتلىرى تولۇقلانغان كىشىلەرگە پەرز قىلدى. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّـهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا﴾ تەرجىمىسى: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى.» [سۈرە ئال-ئىمران97-ئايەت]. يەنى ھەجگە بېرىپ قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ ھەجگە بېرىپ كېلىشىگە يەتكۈدەك، شۇنداقلا،

ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ خىراجەتلىرىگە يېتىپ ئاشقىدەك مەلۇم مىقداردا ئىقتىسادقا ئىگە بولغان بولىشى كېرەك.

مادامىكى قولۇڭلاردىكى مەبلەغ سىلەرنىڭ تۇرالغۇ جاي سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت زۆرۈر بولغان ئېھتىياجىڭلارغا يېتەرلىك بولمايدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۆزۈڭلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىڭلاردىن ئېشىنىمىغۇچە قەدەر سىلەرگە ھەج پەرز بولمايدۇ. زۆرۈر ئېھتىياجلىرىڭلاردىن ئېشىنىغاندىن كېيىن، شۇنداقلا، تۇرالغۇ جاي سېتىۋېلىشىڭلار، پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ نەپىقىسى ۋە سىلەرنىڭ ئۆستۈڭلەرگە نەپىقىسىنى بېرىش ۋاجىپ بولغان كىشىلەر قاتارلىقلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئوشۇنغاندىن كېيىن ھەج قىلساڭلار بولىدۇ، بولمىسا سىلەرگە ھەج پەرز بولمايدۇ.

[پەزىلەتلىك شەيخ سالىھ ئەلپەۋزان پەتىۋالار توپلىمى 2- توم 493-بەت].

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.